# ماڭا بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىك ئاتا قىلىندى. بىر ئايلىق مۇساپىدىكى دۈشمەنلىرىمنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن نۇسرەت بېرىلدى، زېمىننىڭ ھەممە يېرى ماڭا سەجدىگاھ ۋە پاك قىلىپ بېرىلدى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ماڭا بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىك ئاتا قىلىندى. بىر ئايلىق مۇساپىدىكى دۈشمەنلىرىمنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن نۇسرەت بېرىلدى، زېمىننىڭ ھەممە يېرى ماڭا سەجدىگاھ ۋە پاك قىلىپ بېرىلدى. ئۈممىتىمدىن ھەر قانداق ئادەم قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە شۇ يەردە نامازنى ئوقۇۋەرسۇن. غەنىمەتلەر ماڭا ھالال قىلىپ بېرىلدى، مەندىن ئىلگىرىكىلەرگە ھالال قىلىنمىغان. قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندىم. باشقا پەيغەمبەرلەر ئۆز خەلقىگىلا ئەۋەتىلەتتى، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلدىم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا بەش تۈرلۈك ئالاھىدە شەرەپ بىلەن ۋە ئىلگىرىكىلەردە بولمىغان پەزىلەتلەر بىلەن خاس قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ ئۈممەتمۇ پەيغەمبىرى ئېرىشكەن شۇ پەزىلەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا نائىل بولغان. بۇ بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەر بولسا ئىككى مەشھۇر سەھىھ كىتابتا كەلگەن، بىرىنچىسى: ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلغان ۋە كۈچلەندۈرگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن بىر ئايلىق مۇساپە يىراقلىقتا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ ئاجىزلاشتۇرغان ۋە دۈشمەن سېپىنى بۆلۈپ بەرگەن، بۇ رەسۇلۇللاھقا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ياردەم ۋە كۈچلەندۈرۈش، دىن دۈشمەنلىرىنى خورلاش ۋە مەغلۇپ قىلىپ بېرىش ئىدى، شەكسىزكى بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن چوڭ ياردەم بولغان. ئىككىنچىسى: ئاللا تائالا بۇ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ بەختلىك ئۈممىتىگە كەڭرىچىلىك قىلىپ زېمىننىڭ ھەممە يېرىنى سەجدىگاھ قىلىپ بەردى، قەيەردە ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ناماز ئوقۇش دۇرۇس قىلىندى. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئىبادەتنى چىركاۋلاردا قىلىش بەلگىلەندەك بۇ ئۈممەتكە مەسچىتتە ئوقۇش شەرت قىلىنمىدى. ئاللا تائالا يەنە بۇ ئۈممەت ئۈستىدىن پەزلى مەرھەمەت قىلىپ قېيىنچىلىق ۋە جاپانى كۆتۈرىۋەتتى. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر پەقەت سۇ بىلەنلا تاھارەت ئالاتتى، بۇ ئۈممەت سۇ تېپىلمىغاندا توپا بىلەن تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس قىلىندى. كېسەل سەۋەبلىك سۇ ئىشلەتسە زىيان قىلىدىغانلارمۇ تەيەممۇم قىلسا دۇرۇس. ئۈچىنچى: كاپىرلار بىلەن قىلغان ئۇرۇش-جەڭلەردە ئېلىنغان غەنىمەت، ئولجىلار ھالال قىلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا بايان قىلغان شەكىلدە جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ، بۇمۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلىرىگە ھارام قىلىنغان، ئۇلار غەنىمەتنى بىر جايغا يىغاتتى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان جىھادىنى قوبۇل قىلغان بولسا ئاسماندىن بىر ئوت چۈشۈپ غەنىمەتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. تورتىنچى: ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى قىيامەت كۈندە ئالى ماقامغا ۋە بۈيۈك شاپائەتكە ئىگە قىلدى، ئۇ كۈندە ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرمۇ مەھشەرگاھ مەيدانىدا ئارقىغا ياندىغان كۈن، پەقەت پەيغەمبىرىمىز مەن شاپائەت قىلىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ ۋە ئەرش ئاستىغا كېلىپ سەجدە قىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا لايىق ھەمدۇ-سانا ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا: شاپائەت تەلەپ قىلغىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ، سورىغىن سورىغان نەرسەڭ بېرىلىدۇ، دېيىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ بۇ ئۇزۇن كۈندە كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن شاپائەت ھوقۇقىنى سورايدۇ، مانا بۇ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى جىمى كىشىلەر قىزىقىدىغان ئالى بۈيۈك ماقام. بەشىنچى: بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ئۆز قەۋمىگە

خاس ئىدى، يەنى رايۇن، مىلەت بىلەن چەكلەنگەن، ئەمما رەسۇلۇللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە دەۋىتى بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمى يۈزلۈك بولۇپ، زامان ۋە رايۇن، مىللەت بىلەن چەكلەنمىگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىكى ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان بۈيۈك بىر شەرىئەتتۇر. ئۇنىڭدا بىر نەرسىنى زىيادە ۋە كام قىلغۇدەك بىرەر كەمچىللىك يوق، ئىسلام شەرىئىتى ئالەمشۇمۇل تا قىيامەتكىچە قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دىندۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3503